# ئەسلىي مەقسەت - بۇرچ ئەستە چىڭ ساقلاندى «تۆت جايىدا بولۇش» پۇختا تۇتۇلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

«تۆت جايىدا بولۇش»نى پۇختا تۇتۇپ، دىققەتنى باش تېمىنى ئۆگىنىش، تونۇشنى ئۆستۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى توغرا تېپىپ، مەسىلىنى چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، چوڭقۇر تۈزىتىپ - ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

**■ ئۆگىنىش چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى**

تونۇش جايىدا بولغاندىلا، ئاندىن ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بولىدۇ. يېقىندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، بولۇپمۇ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، ئىدىيە جەھەتتە تاۋلىنىشنى قوبۇل قىلدى، خەلققە بولغان مۇھەببىتىنى ئاشۇردى، بۇرچ - مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتتى، ئىشەنچ - ئىرادىسىنى چىڭىتتى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدىكى، ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى، ئۆگىنىش - تەربىيەنى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشنى، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ ياخشى تۇتۇپ، ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىشنى قاتتىق، ئەمەلىي كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ، ئۆگىنىپ، ئورگاندىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلاردىن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى كەم - كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، بۇرچ - مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قەتئىي پوزىتسىيە، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئىستىل، پۇختا ئۆلچەم بىلەن باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىشتا ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ئوخشاش سىستېمىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي بايلىق سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئاڭلىق ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى ھازىرقى سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش بىلەن ئورگانىك يۇغۇرۇپ، ئۆز ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

**■ بىلىش بىلەن قىلىش بىرلەشتۈرۈلدى مەسىلىلەر كۈچەپ ھەل قىلىندى**

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»تا مۇھىمى بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ھەقىقىي تۈردە قەلبكە سىڭدۈرۈش، ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى ئۆگىنىشنى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈشكە يېتەكلەپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى توغرا، ھەقىقىي تېپىپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ يېنىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۆگىنىشنى باش تېما تەربىيەسىگە باشتىن - ئاخىر سىڭدۈردى، ئۆگەنگەننى كاللىغا، قەلبكە، ھەرىكەتكە ھەقىقىي سىڭدۈردى، ئۆگىنىش نەتىجىلىرى ئارقىلىق خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆگەنگىنىنى، چۈشەنگىنىنى خىزمەت ئەمەلىي نەتىجىسىگە ئايلاندۇردى. توپلانغان مەسىلە، پىكىر - تەكلىپلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە بەنزە ئەزالىرى «بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش» تەلىپىگە ئاساسەن، ۋەزىپىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىش، ئۆلچەمگە توغرىلىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش تىزىملىكى تۈزۈپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش تەدبىرىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ، دەرھال تۈزەتكىلى بولىدىغانلىرىنى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ دەرھال تۈزەتتى؛ ۋاقتىنچە دەل جايىدا تۈزەتكىلى بولمايدىغانلىرىنىڭ تۈزىتىش نىشانى ۋە تۈزىتىش قەرەلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پەرقلەرنى تېپىش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئىستىل ياخشىلاش نىشانىغا ھەقىقىي يەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەرزىيەت ئىدارىسى ئاپتونوم رايون قانات يايدۇرغان نۇقتىلىق ئەرزىيەت ئىشلىرى ئۈنئۆبىرسال ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىن تۆتنى قۇرۇپ، جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ نۇقتىلىق ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ئۈنئۆبىرسال ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈردى. ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئاساسىي قاتلامغا بىۋاسىتە چۆكۈپ، نەق مەيدانغا بىۋاسىتە چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا بىۋاسىتە چۆكۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى، سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، نەق مەيداندا كۆرۈش، سىرىدىشىش، سۆھبەتلىشىش، ئەرزىيەت كادىرلىرى ۋە ئەرزىيەتكە كەلگەنلەر بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلەپ، خىزمەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش، خىزمەتلەرنى ياخشىلاشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا بايقالغان مەسىلىلەرگە قارىتا، كىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلسا، شۇ ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىش، كىم مەسئۇل بولۇپ باشقۇرسا، شۇ بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىش، كىم باشلامچىلىق قىلسا، شۇ ئالدىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈزىتىش سۈرئىتى ۋە سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە خىزمەتكە تۈرتكە بولۇشنىڭ كونكرېت نەتىجىسى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمىنى تەكشۈردى.

**■ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق كۆزلەندى خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى**

ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلقنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئىدىيۋى تونۇش جايىدا بولۇش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش جايىدا بولۇش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش جايىدا بولۇش، تەشكىلىي رەھبەرلىك جايىدا بولۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش - تەربىيەنى ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەۋىلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئېتىقادىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىستىلنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، تىرىشىپ تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى «سەككىز ئومۇميۈزلۈك قاپلاش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى ئۈنۈملۈك ئايلاندۇردى. «سەككىز ئومۇميۈزلۈك قاپلاش» ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «قوش گۇرۇپپا باشلىقى» تۈزۈمىنى ياخشى تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، «بەش دەرىجىلىك شۇجى»لارنىڭ باشلامچى بولۇپ زىيارەت قىلىشى بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ نامرات كەنتلەرنىڭ خىزمەت كۈچىنى تولۇق، كۈچلۈك سەپلەش، كونكرېت مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دىققەتنى مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈش، ئادەمگىچە دەل جايىدا بولۇش، نامرات كەنتلەرگە 1 - شۇجى ۋە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتىش بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «سەككىز ئومۇميۈزلۈك قاپلاش» ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2019 - يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان - ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا پۇختا خىزمەت ئاساسى سېلىپ بەردى.

خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇلدى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆپ پايدىلىنىلىپ، ئامما ئاز قاتىرىتىلدى، داۋالاش كاپالىتى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئۆستۈرۈلدى... باش تېما تەربىيەسى جەريانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۇجۇپىلەپ تاللىغان بەش تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئاممىسىنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە زىچ بىرلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پەرقلەرنى ئەستايىدىل تېپىش، كەمتۈكلۈكلەرنى ئېنىقلاش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش ۋە تۈزەش تەدبىرلىرىمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش، دورا ئىشلىتىشتىكى قىيىن نۇقتىلىرى، ئاغرىش نۇقتىلىرىنى ھەل قىلىشتا ئاساسلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

پۇل مۇئامىلىنى دېھقان ئائىلىلىرىگىچە يەتكۈزۈشنى ئالغا سىلجىتىش پۇل مۇئامىلىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا مۇلازىمەت قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى. ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا توغرىلىنىپ، ھازىر پۇل مۇئامىلىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىشى داۋامىدا ساقلانغان يېتەرسىزلىك ۋە كەمتۈكلۈكلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەدبىر تۈزۈپ ئەستايىدىل تۈزەتتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن رەھبىرىي كادىرلار بىلەن كوللېكتىپ پاكلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز **جاڭ يۇنمېي**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **خۇاڭ ۋېنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن 76 نەپەر كادىر بىلەن كوللېكتىپ پاكلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيەۋىلىكنى تاۋلاپ، باشتىن - ئاخىر مۇتلەق سادىق بولۇشتەك سىياسىي خىسلەتنى ساقلاپ، باشلامچىلىق بىلەن «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىشنى باشتىن - ئاخىر ھاياتلىق يولىنى تېپىشتىكى تايانچ قىلىپ، مەڭگۈ خەلقنى قەلبىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ھەقىقىي تۈردە «ئىككىنى قوغداش»نى ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، ئادىل، باراۋەر بولۇپ، ئاڭلىق ھالدا تۈزۈم قېلىپى ئىچىدە ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشى كېرەك؛ كىچىك ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، بىخ ھالىتىدە توسۇپ كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كىچىك ئىشلاردا ئېھتىياتچان بولۇشى، يالغۇزلۇقتا ئېھتىياتچان بولۇشى، دوست تۇتۇشتا ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك؛ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشچان - ئىقتىسادچىل بولۇپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇش توغرىسىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرگە باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، باشتىن - ئاخىر مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش مىزانىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئوي - پىكرى ۋە زېھنى كۈچىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشقا قارىتىشى كېرەك؛ قىيىنچىلىققا قارىماي ئىلگىرىلەپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك؛ ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك.

يىغىندا، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن تۆت نەپەر پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارغا پاكلىققا دائىر كىتابلارنى سوۋغا قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

دەل يازلىق تەتىل مەزگىلىدە، سانجى شۆيۈەنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ۋە يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش - قوبۇل قىلىش تەييارلىق خىزمىتىنى جىددىي، تەرتىپلىك ئىشلەۋاتاتتى. چېن چۈەنگو خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن سەممىي ھال سورىدى، ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئالىي مەكتەپ ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەيدىغان، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرىدىغان جاي، ياشلار بىلىم ئۆگىنىدىغان، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان، ئارزۇسىنى قاناتلاندۇرىدىغان جاي. پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، كەڭ زىيالىيلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، كۈچەيتىپ، مەكتەپلەرنىڭ تىنچلىقى، ئىناقلىقىنى ياخشى قوغداپ، سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

لەنسەن - تۇنخې پولىئېستېر چەكلىك شىركىتىدە، چېن چۈەنگو كارخانا مەسئۇلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى ھەم بىيولوگىيەلىك سۈسلاشتۇرۇلغان دېۋرقاينى ئوراپ قاچىلاش سېخىغا كىرىپ، بىرىنچى سەپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن سەممىي پاراڭلاشتى. چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى يېڭىلىق يارىتىشقا قويۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھىت ئاسراش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشتا قوش ئۈنۈم يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو يەنە سانجى شەھىرى نىڭبېن يولى كوچىسىدىكى بېندى مەسچىتىگە كېلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى توپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كەڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىلەرنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات - ئىلگىرىلەش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قىلىپ شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىن ئىبارەت باش تەلەپنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى تۇتۇش جايىدا بولۇش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشنى تۇتۇش جايىدا بولۇش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش جايىدا بولۇش، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى تۇتۇش جايىدا بولۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسىلىگە توغرا قارايدىغان ئاڭلىقلىق ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان جاسارەت بىلەن مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىكنى قاتتىق، ئەمەلىي تۇتۇپ كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا نەتىجە - ئۈنۈم يارىتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو سانجى ئوبلاستىنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۈنئۆبىرسال تەدبىر قوللىنىپ، «بىرىكمە مۇشت» ئېتىپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.